# دەرسلىك ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى

«تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە». تۈزگۈچى: غاپپار مۇھەممەدى. تۈرى: ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. 1981 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ماي باسمىدا بېسىلىپ (ئۇدا بەش قېتىم)، مەزكۇر مەكتەپنىڭ تۈنجى ھەم بىردىنبىر تىلشۇناسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە تاكى 90 - يىللارغىچە قوللىنىلغان.

مەزكۇر دەرسلىك ئىككى قىسىم جەمئىي توققۇز بابتىن تۈزۈلگەن (1 - قىسمى تۆت باب، 132 بەت؛ 2 - قىسمى بەش باب، 302 بەت) بولۇپ، 1 - بابتا تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە، 2 - بابتا تىلنىڭ ماھىيىتى، 3 - بابتا تىلنىڭ پەيدا بولۇشى، 4 - بابتا تىلنىڭ تەرەققىياتى، 5 - بابتا فونېتىكا، 6 - بابتا تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى، 7 - بابتا تىلنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى، 8 - بابتا دۇنيادىكى تىللار ۋە ئۇلارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى، 9 - بابتا يېزىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مول ھەم ئاساسىي بىلىملەر بېرىلگەن.

---



غاپپار مۇھەممەدى 1928 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1936 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان، 1947 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1962 - يىلغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى تىل مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى، سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1962 - يىلىدىن تارتىپ تاكى 1990 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قـەدەر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (1978 - يىلىدىن بۇرۇن قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىدى) نىڭ جۇڭگو تىل - ئــەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئىشلەپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە تىلشۇناسلىق دەرسلىرىنى ئۆتۈپ كەلگەن. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەردە 71 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

غاپپار مۇھەممەدى ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىدا تىلشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈن دەرســلىك»، «تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تــۈزگەن، «ئۇيــغۇرچە - خەنــزۇچە سۆزلــىشىشنى ئۆگــىنىش قوللانمىسى»، «چاغاتاي تىلى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تەھرىرلەپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇ جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىزىق نۇقتا بولغان يېڭى ۋە كونا يېزىق مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، باشقىلار بىلەن بىللە كەينى - كەينىدىن ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئالاهىدە كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە تــىلشۇناسلىق ئىلمىدە بىرقەدەر چىگىش - مۇرەككەپ مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر قاتار تەسىرى كۈچلۈك ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، شــىنجاڭدىكى داڭلىق تىلشۇناسلاردىن بولۇپ تونۇلغان. ئۇنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى تــوغــرىــسىــدا»، «يەنــە ئىســملارنىڭ كېــلىش قوشۇمچــىلىرى توغرىسىدا»، «تىلىمىزدىكى ‹مۇ› ئۇلانمىسى توغرىسىدا» قاتارلىق چوڭ هەجىملىك بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى «قەشقەر پېداگوگىكا ئــىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «تىل ۋە تەرجىمە» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە سانلىرىدا هەمدە ئىچكىرى

ئۆلكىلەردىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

«لوگىكا بىلىملىرى». تۈزگۈچى: ئابدۇخېلىل روزى. تۈرى: دەرسلىك. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن 1982 - يىل 7 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان. تىل - ئەدەبىيات، سىياسىي - تارىخ ۋە تىل كەسپىدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنغان.

مەزمۇنى: ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە، لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى، ئىسپات، رەددىيە قاتارلىق لوگىكا ئىلمىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى ئۇيغۇر يېزىقچىلىقى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ماقال - تەمسىل، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىدىكى تىپىك مىساللار ئارقىلىق ئاممىباب ھالدا يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

«يېزىقچىلىق بىلىملىرى». تۈزگۈچى: ئابدۇخېلىل روزى. تۈرى: دەرسلىك. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن 1983 - يىل 9 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان.

مەزمۇنى: يېزىقچىلىق ئاساسلىرى بىلىملىرى، ژانىرلار يېزىقچىلىقى بىلىملىرى ئىلمىي ۋە ئاممىباب شەرھلىنىپ، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن مىسال ئېلىنىپ چۈشەندۈرۈلۈپ، بۇ دەرسنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بولماسلىقتەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلگەن.

---



ئابدۇخېلىل روزى 1940 - يىل 1- ئايدا ھازىرقى خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق گۇجانباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1950 - يىل 9 - ئايدىن 1954 - يىل 7 - ئايغىچە خوتەن شەھىرى چايخانا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1960 - يىل 7- ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ـسىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىغا قوبۇل قىلىنغان. 1965 ـ يىل 7- ئايدا بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 8 ـ ئايدا ئەينى چاغدىكى قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا (1978- يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1980 ـ، 1981 ـ ئوقۇش يىلىدا نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېزىقچىلىق، لوگىكا پەنلىرىدىن بىلىم ئاشۇرغان.

ئابدۇخېلىل خىزمەتكە قاتناشقان 1965 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى 1999 ـ يىل 5 ـ ئاي پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ياش ئەۋلادلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلاپ، «يېزىقچىلىق»، «ئۇيغۇر تىلى»، «ئىستىلىستىكا»، «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى»، «لوگىكا» قاتارلىق قورال خاراكتېرلىك دەرسلەرنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىرقەدەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن بىرتوتاش قوللىنىلىدىغان دەرسلىك «ئومۇمىي لوگىكا» كىتابىنى تۈزۈشكە قاتنىشىپ، ئىككىنچى باب «ئاددىي ھۆكۈملۈك ۋە ئاددىي ھۆكۈملۈك خۇلاسە» نىڭ 6 ـ، 7 ـ پاراگرافلىرىنى، ئۈچىنچى باب «راي ھۆكۈم ۋە راي خۇلاسە» گە ئائىت مەزمۇنلارنى يېزىپ چىققان (بۇ كىتاب شىنجاڭ بويىچە «مۇنەۋۋەر دەرسلىك كىتاب» بولۇپ باھالىنىپ، ئالىي مەكتەپلەردە مۇشۇ دەرسنى ئوقۇتۇشتا ئاساسىي دەرسلىك قىلىندى). «ئوقۇمىنىڭ ئېنىق بولۇشى توغرا تەپەككۇرنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېسىلغان)، «نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدىكى مەنتىقىلىق كۈچ» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان)، «لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا ئۆزگىچە قاراشلىرىم» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېسىلغان)، «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ــ يەنە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەنتىقىلىق كۈچى توغرىسىدا» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېسىلغان)، «ماقال - تەمسىللەر تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىمۇ؟» (ئۇيغۇرچىسى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا، خەنزۇچىسى تىل - تەرجىمە ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە سانىغا بېسىلغان ھەمدە ئىنستىتۇت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

ئابدۇخېلىل روزى 1978 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلىرىگە قارىتا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىپ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، چوڭقۇر رەھمىتىگە ئېرىشكەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كونسۇلتاتسىيىچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ دەرس مۇنبىرىدە ئۆتكەن 25 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا سەرپ ئەتكەن جاپالىق ئەجرىگە مۇناسىپ 1984 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1979 - يىلى لېكتورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا، 1985 - يىلى دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1982 -، 1983 - ئوقۇش يىلىدا ئىنستىتۇت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە، 1990 - يىلى ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ «كىتاب ئوقۇتۇپ، ئادەم تەربىيىلەش» تىن ئىبارەت بۇ جاپالىق سەپتە سەممىيلىك، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە، ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



## ئابلەت قۇربان تەرجىمە قىلغان دەرسلىك ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:

1. «ئالىي ماتېماتىكا» (2-قىسمى). تەرجىمە دەرسلىك. ئەسلىي ئەسەر ئالىي مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئالىي ماتېماتىكا» نىڭ 1983-يىل 7-ئاي 8-باسمىسى. بۇ تەرجىمە دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1994-يىل 6-ئايدا نەشر قىلغان. 437 بەت، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5370—2311—5.

بۇ كىتاب «ۋېكتورلۇق ئالگېبرا ۋە بوشلۇقتىكى ئانالىتىك گېئومېتىرىيە»، «ئارگۇمېنتلىق فۇنكسىيەلەرنىڭ دىففېرېنسىئالى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى»، «قات ئىنتېگراللار ۋە ئەگرى سىزىقلىق ئىنتېگراللار»، «چەكسىزلىك» قاتارلىق تۆت بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى ئۈچۈن دەرسلىك قىلىنغان.

2. «ئالىي ئالگېبرا». تەرجىمە دەرسلىك. ئەسلىي ئەسەر بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1990-يىل 5-ئايدا نەشر قىلغان «ئالىي ئالگېبرا» بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1996-يىل 12-ئايدا نەشر قىلغان. 650 بەت، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5370—3014—6.

ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى، مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى شۇنداقلا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئۈچۈن دەرسلىك ياكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنغان بۇ كىتاب كۆپ ئەزالىقلار نەزەرىيىسى، سىزىقلىق ئالگېبرا ۋە گۇرۇپپا، ھالقا، مەيداندىن ئىبارەت ئۈچ بابتىن تەركىب تاپقان.

3. «قىسقىچە ماتېماتىكا ئىزاھلىق لۇغىتى» (تۈزگەن ئىلمىي ئەمگەك). بۇ كىتاب شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى

تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئوكيانوس» نىڭ ماتېماتىكا قىسمىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004-يىل 3-ئاي نەشرى، 207 بەت، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1840—3.

لۇغەتكە: ئارىفمېتىكا، ئېلېمېنتار ئالگېبرا، ترىگونومېترىيە، گېئومېترىيە، ئالىي ئالگېبرا، ماتېماتىكا ئاساسلىرى، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى، ئىشلىتىش ۋە پىلانلاش ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان 500 گە يېقىن ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن. ئاتالغۇلارنىڭ نامى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل-يېزىقتا بېرىلىپ، ھەربىر ئاتالغۇنىڭ ئىزاھاتىدا ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى، تېئورېمىسى، خۇسۇسىيىتى، قائىدىسى، فورمۇلىسى ۋە مەسىلە يېشىش (ئىسپاتلاش) تىكى قەدەم-باسقۇچلار كۆرسىتىلگەن، قىستۇرما رەسىم ۋە ئۈلگىلىك مىساللار بېرىلگەن.

---



ئابلەت قۇربان 1942-يىل 28-مارتتا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1951-يىلىدىن 1961-يىل 9-ئايغىچە ئۇرۇمچى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە باشلانغۇچ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ، 1963-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە بىر يىللىق كۇرسنى تاماملاپ، شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1972-يىلىدىن 1976-يىل 7-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1978-يىلى بۇ مەكتەپ خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى بولۇپ قۇرۇلغاندا، ماتېماتىكا فاكۇلتېتى گېئومېترىيە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، فاكۇلتېت مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1986-يىلىدىن 2005-يىل 12-ئايدا دەم ئېلىشقا چىققانغا

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



قەدەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1988-يىلى دوتسېنتلىققا تەكلىپ قىلىنغان.

ئابلەت قۇربان 43 يىللىق ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى، بولۇپمۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان قىران چاغلىرىدا، تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللار كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بىرنەچچە يىل ئاساسلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا «ئانالىتىك گېئومېترىيە»، «تەكرار ماتېماتىكا»، «بوشلۇق گېئومېترىيىسى»، «ئالىي ماتېماتىكا» قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ماتېرىيالىنى تۈزۈپ تارقاتقان. «شىنجاڭ مائارىپى»، «خوتەن مائارىپى»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «ماتېماتىكىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتايلى» قاتارلىق ئون پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. يېقىندا ئۇ، «ئالىي گېئومېترىيە» ناملىق دەرسلىكنى تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

## روزى بارى تەرجىمە قىلغان، تۈزگەن دەرسلىك ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:

1. «ئومۇمىي زوئولوگىيە» (ئومۇرتقىلىق هايۋانلار قىسمى). ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. تەرجىمە دەرسلىك. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1985 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى. 16 كەسلەم، 454 بەت، تىرازى: 2000. بۇ دەرسلىكنى ۋۇخەن، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتلىرىنىڭ زوئولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىرلىشىپ تۈزگەن. بۇ كىتابنىڭ 2 - قىسمىدا ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ پەيدا

بولۇشى، تەدرىجىي تەرەققىياتى، كلاسسىفىكاتسىيىسى جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ۋە ئېكولوگىيىسى قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەر ۋە زوئولوگىيىدىكى يېڭى تەرەققىيات نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بىئولوگىيە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئاساسىي دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن.

2. «ئومۇرتقىلىق هايۋانلار زوئولوگىيىسى تەجرىبە قوللانمىسى» ( 脊椎动物学实验指导 ) . تەرجىمە دەرسلىك. ئەسلىي ئاپتورى: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياڭ ئەنفېڭ. 1984 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. تەرجىمىسى 1988 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 32 كەسلەم، 262 بەت، تىراژى: 1000.

بۇ كىتابتا ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى، ۋە تاكسونومىيىسىگە ئائىت 20 تەجرىبىنىڭ سىستېمىلىق تەجرىبە كۆرسەتكۈچلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

3. «هايۋانلار ئېكولوگىيىسى ( 动物生态学 ) » . تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن يەنە مىرئامان، ماخمۇت خالىق بار. 1993 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 16 كەسلەم، 630 بەت، تىراژى: 1000.

بۇ كىتاب ئالىي مەكتەپ بىئولوگىيە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلىكى بولۇپ، خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تۈزگەن.

كىتابتا هايۋانلارنىڭ مۇهىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، هايۋانلارنىڭ تۈر ئېكولوگىيىسى، تۈر توپى ئېكولوگىيىسى، هايۋانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى رولى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن سىرت، هايۋانلار ئىچىدىكى پايدىلىق هايۋانلارنى قوغداش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇلغان.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



4 . «ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار زوئولوگىيىسى» (脊椎动物学) . تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتاب. خەنزۇچە. بۇ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بولۇپ، 1996 - يىل 4 - ئاي ۋە 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن كومپيۇتېردا ئۇرۇپ بېسىلغان. ئالىي مەكتەپ بىئولوگىيە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنغان بۇ ئىككى قىسىملىق كىتاب 16 كەسلەم، 498 بەت بولۇپ، كىتابقا ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ئاساسلىق تۈركۈملىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك ۋە ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشلىرى، تەدرىجىي تەرەققىياتى، سىستېمىلىق تەرەققىياتى نەزەرىيىلىرىدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تاكسونومىيىسى كىرگۈزۈلۈپ، تارقىلىشى ۋە ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى قاتارلىقلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

---



روزى بارى 1938 - يىل 10 - ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ (خوتەن شەھىرى) شورباغ يېزا ئاقتاش كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلىدىن 1954 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1957 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو - خىمىيە پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1960 - يىلغىچە بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتىدا، 1962 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو - خىمىيە پاكۇلتېتىدا بىئولوگىيە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. 1962 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتى زوئولوگىيە كافېدراسىغا بۆلۈنۈپ 1998 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر زوئولوگىيە دەرسى ئوقۇتۇقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئومۇمىي

زوئولوگىيە»، «ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار زوئولوگىيىسى»، «ھايۋانلار ئېكولوگىيىسى»، «ھايۋانلار جۇغراپىيىسى» قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلىگەن. 1986 - يىلى دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ زوئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، غەربىي شىمال ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىلمىي ماقالىلىرىدىن: «تارىم دەريا ئوتتۇرا ئېقىنى توغراقلىق ئورمان مۇھاپىزەت رايونىدىكى قۇشلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ‹تەبىئىي پەن قىسمى›، 1990 - يىللىق 2- سانى ‹ئومۇمىي 16 - سان›)؛ «شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى ۋە ئۇلارنى قوغداش بىلەن پىلانلىق پايدىلىنىش توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى ‹تەبىئىي پەن قىسمى› ، 1992 - يىللىق 2 - سانى)؛ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى —— ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار زوئولوگىيىسىنى يېزىش توغرىسىدا مۇلاھىزە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، «ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى» ( 高等教育研究 ) 1998 - يىللىق 2 - سانى ‹ئومۇمىي 31 - سان›) قاتارلىقلار بار.

«تەبىئەت تەجرىبىلىرى». تۈزگۈچى: تۇرسۇن رەھىم، تۇرسۇننىياز بارات. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى 1989 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 383 بەت.

بۇ كىتابتا پۈتۈن كۆنلۈك ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالتە قىسىم تەبىئەت دەرسلىكىدىكى بارلىق تەجرىبىلەر كۆرسىتىلگەن ۋە شۇ تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار، كېرەكلىك نەرسىلەر، تەجرىبە ئىشلەش باسقۇچلىرى، ئۇسۇللىرى، تەجرىبە مەقسىتى ۋە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار سۆزلەنگەن. كىتابتا چۈشەندۈرۈلگەن تەجرىبە ئۇسۇللىرى ئوقۇتۇشتا يۇقىرى قوللىنىشچانلىققا ئىگە.

## مەتقاسىم داۋۇت ئەسەرلىرى:

1. « خەت-ئالاقە ۋە ئۇنىڭ ئەندىزىسى» . ئىلمىي ئەسەر. خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1989-يىل 12-ئاي باسمىسى. كىچىك 32 كەسلەم، 165 بەت، 5000 تىراژدا تارقىتىلغان.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



2. «تەرجىمە بىلىملىرى». خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1990-يىل 6-ئاي باسمىسى. 16 كەسلەم، 350 بەت، 5000 تىراژدا تارقىتىلغان. بۇ تەرجىمە نەزەرىيىسىگە ئائىت تۇنجى ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

3. «‹ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى› دىكى مەشىق، كۆنۈكمىلەرنىڭ يېشىمى». خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1990-يىل 6-ئاي باسمىسى.

4. «ماقالىلەر توپلىمى». خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1990-يىل 8-ئاي باسمىسى. 16 كەسلەم، 230 بەت بولۇپ، تىلشۇناسلىق، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، تەرجىمە تەتقىقاتى، قوش تىل ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، تەرجىمە نەزەرىيىسى، يېزا ئىقتىسادى تەتقىقاتىغا ئائىت 37 پارچە ماقالىدىن تۈزۈلگەن.

5. خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش مېتودىكىسى (باشقىلار بىلەن تۈزگەن). خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى 1994-يىلى 7-ئاي باسمىسى.

6. خوتەن مەنزىرىلىرى (باشقىلار بىلەن تەرجىمە قىلغان). شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995-يىلى 1-نەشرى.

7. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى (تەرجىمە). سۇ - ئېلېكتر مىنىستىرلىقى ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى مەھكىمىسى تۈزگەن، 1999-يىل 2-ئاي باسمىسى.

---



مەتقاسىم داۋۇت 1963-يىل 11-ئايدا چىرا ناھىيە چىرا يېزا ماخىال كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى. 1984-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، باكالاۋۇرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، شۇ يىلى 9-ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، كەسپىي ئۇنۋانى

لېكتور. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى؛ خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك، بۆلۈم دەرىجىلىك، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك كاتىپى، قوشۇمچە تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ ۋىلايەتلىك ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇدىرى؛ جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رايون باشلىقى ياردەمچىسى (ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش مەزگىلىدە)؛ ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ قوشۇجىسى، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئاخبارات-نەشرىيات (نەشر ھوقۇقى) ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇ ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە، 210 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسەر ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «تەرجىمە بىلىملىرى» دېگەن كىتابىدا تەرجىمە تارىخى، تەرجىمە ئەمەلىيىتى، تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە ئۆلچىمى، تەرجىمىنىڭ قائىدە-پرىنسىپى، تەرجىمىنىڭ تۈرلىرى، تەرجىمىنىڭ ئۇسۇلى، ئېغىز تەرجىمىسى ۋە يېزىق تەرجىمىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىلمىي ھالدا سىستېمىلاشتۇرغان. 2000-يىلى ئېلان قىلغان «نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈم ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ پەرقىنى ئازايتىش لازىم» دېگەن ئەسىرى شەھەر-يېزىلاردىكى ئىختىساسلىقلار بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. «خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بازارنى يېتەكچى قىلىش كېرەك» دېگەن ئەسەردە، جەنۇبتا ياڭاقنى، شىمالدا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئۆزۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاغلىق يېزىلاردا چارۋا كۆپەيتىش، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋا بورداپ تاۋارغا ئايلاندۇرۇش پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماقالە 2005-يىل 1-ئايدا گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگو ئىقتىسادىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئالدىن كۆزىتىش مەركىزى، سودا مىنىستىرلىقى جۇڭگو خەلقئارا ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىم» دېگەن ماقالىدە، 1949-يىلىدىن بۇيان پارتىيە-ھۆكۈمەت ئەزەلدىن ھەل قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما ھەل قىلىش قىيىن بولغان بۇ مەسىلىگە قارىتا، جەنۇبىي جۇڭگودىكى تەرەققىي قىلغان ۋە خوتەندىكى نامرات رايونلاردا ئۆزۈن مۇددەت ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئىلمىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتقان. بۇ ماقالىدىكى قوللىنىش خاراكتېرلىك پىكىر يوللىرى مەركەزنىڭ 2004-يىلى 1-نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىدە ئەكس ئەتكەن.

1987-يىلى ئېلان قىلغان «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى رەۋىشلەرنى مۇستەقىل سۆزلەر تەۋە قىلىش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ساھەسىدە تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن «رەۋىشلەر ياردەمچى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە» دېگەن قاراشنى ئىلمىي بولغان تىل ئەمەلىيىتى پاكىتلىرى ئارقىلىق رەت قىلىپ، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ 1989-يىلى ئېلان قىلغان «تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىمۇ شۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «پىداكارلىق»، «يېڭى مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق كىنو تەرجىمە ئەسىرى ۋە 30 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە

ئەمگەكلىرى بار.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولسا، خەنزۇ تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى «خـەلـق گېزىتى» نەشرىياتى، مەركىزىي ھۆججەتلەر نەشرىياتى، جۇڭگو ئىقتىساد نەشرىياتى، جۇڭگو دۇنيا تىلى نەشرىياتى، جۇڭگو خـەلـقـئـارا ئـالـماشتۇرۇش نەشرىياتى، تايلاند خۋاشا خەلقئارا ئـالـماشـتـۇرۇش مـەركىزى، شياڭگاڭ دۇنيا مەدەنىيەت-سەنئەت مەركىزى، دۇنيا ئىلىم نەتىجىلىرى تەتقىقات ئاكادېمىيىسى قاتارلىق مـەمـلـىـكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى 50 تىن ئارتۇق نوپۇزلۇق نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنغان. دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى يۇقىرى دەرىـجـىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا كۆپ قېتىم ئالاھىدە مۇكاپات ۋە 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەمگەكلىرى گەۋدىلىك، تۆھپىسى زور بولغانلىقى ئـۈچـۈن كـۆپ قېتىم ھەر خىل شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن. ئىش-ئىزلىرى «دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، ئىختىساسلىقلار قـامـۇسـى»، «جـۇڭـخـۇا مەشـھـۇر زاتلار قامۇسى»، «جۇڭگو مـۇتـەخـەسـسـلەر بۈيۈك قامۇسى»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر لۇغىتى»، «جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن يېڭىلىق ياراتقان مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»، «زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق باشقۇرغۇچى مۇتەخەسسىسلەر قـامـۇسى»، «دۇنيادىكى جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئاتاقلىق كوممۇنىستلىرى» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق قامۇسقا تونۇشتۇرۇلغان.

«تـاللانغان ھۆسنخەتلەر». ئاپتورى: ئىسمائىل ئىبراھىم ۋە باشقىلار. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، 10 كەسلەم، تىراژى: 7500.

200 بـەت ئـەتراپىدىكى بۇ كىتابقا 20 خەتتاتنىڭ ھۆسنخەت ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ 40 پارچە ئەسىرى بار.

«ھۆسنخەتـلەر، ئۆرنـەك رەسـىملەر». ئاپتـورى: ئـىسـمائـىل

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئىبراھىم قاتارلىقلار. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 05100 9/J.232 . تىراژى: 5000.

ئىسمائىل ئىبراھىم باش بولۇپ نەشر قىلدۇرغان بۇ كىتابقا ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 12 نەپەر گۈزەل سەنئەت تەھرىرىنىڭ قىستۇرما رەسىم، بەت بېشى رەسىملىرى، ماۋزۇلۇق رەسىم، كۇنچىك، نەقىشلەردىن تەركىب تاپقان ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ئەسىرى 200 پارچىنى تەشكىل قىلىدۇ.

---



ئىسمائىل ئىبراھىم 1954 - يىلى نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1962 - يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1971 - يىلى ھەربىي قىسىمغا قاتناشقان. 1974 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ھەربىي رايونى «جەڭ غەلىبىسى» گېزىتىگە يۆتكىلىپ، گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلىدىن بۇيان ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر. جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خرىستوماتىيىسى» (تاللانما ئەسەرلەر ئوقۇشلۇقى). تۈزگۈچى: ئەنۋەر مەتسەيدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات كەسپى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى، قوشۇمچە دەرسلىك. ئىككى قىسىم، 16 كەسلەم.

1992 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن ماي باسمىدا بېسىپ تارقىتىلغان. 1 - قىسمى 340 بەت، 2 - قىسمى 370 بەت، جەمئىي 710 بەت.

مەزكۇر كىتابنىڭ 1 - قىسمىغا ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەت ۋە ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىن جەمئىي 23 پارچە، ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىن 34 پارچە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ئون پارچە، ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدىن 25 پارچە، ئۇيغۇر خەلق لەتىپە - چاقچاقلىرىدىن (تارىختىكى ۋە دەۋرىمىزدىكى لەتىپىچى ۋە قىزىقچىلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان لەتىپە - چاقچاقلاردىن بولۇپ) جەمئىي 165 پارچە، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن 291 ى، ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىدىن 57 پارچە ئەسەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

2 - قىسمىغا قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن 33 كۇپلېت، ھەر خىل تېمىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى (بولارنىڭ ئىچىدە ئەمگەك قوشاقلىرى، ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى، سىياسىي - تارىخىي قوشاقلار، مۇھەببەت قوشاقلىرى، تۇرمۇش قوشاقلىرى، باللار قوشاقلىرى، لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى، يېڭى دەۋر خەلق قوشاقلىرى، بېيىت ۋە تەرمىلەر بار) دىن جەمئىي 1000 كۇپلېتقا يېقىن، ئونغا يېقىن ئېپوس ۋە خەلق داستانلىرىدىن پارچە، ئەلنەغمە ئەدەبىياتىدىن ئىككى پارچە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

ئومۇمەن، مەزكۇر خرېستوماتىيىنىڭ 1 - قىسمىغا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر، 2 - قىسمىغا بولسا نەزمىي تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق تارىخ ۋە ئېتىقاد خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغان ئەسەرلەرگە، شۇنداقلا ھەجمى بىرقەدەر چوڭ ئەسەرلەر ۋە پارچىلارغا ھەممە بەزى تارىخىي ئىسىملارغا، يەر - جاي ناملىرىغا زۆرۈر بولغان چۈشەندۈرۈش، ئىلاۋە ۋە ئىزاھاتلار قوشۇمچە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بەزى كۆنۈكمە سوئاللىرىمۇ بېرىلگەن، ئەسەر ئېلىنغان ۋە سىتاتا كەلتۈرۈلگەن مەنبەلەرمۇ كۆرسىتىلگەن.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



## تۇراپ قاسىم يازغان ۋە تۈزگەن كىتابلار:

1. «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي تەكرار». قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى 1995 - يىلى باستۇرغان. 32 كەسلەم، 240 بەت. بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

2. «ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي تەكرار». قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى 1996 - يىل باستۇرغان. 32 كەسلەم، 170 بەت. ئىچكى نومۇرى: 0131. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

3. «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دەرسلىك ماتېرىيالى بۆلۈمى 1996 - يىلى باستۇرغان. 16 كەسلەم، 422 بەت. بۇ دەرسلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە تىل كەسپىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن.

4. «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتشۇناسلىقى». ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دەرسلىك ماتېرىيالى بۆلۈمى 1996 - يىلى باستۇرغان. 16 كەسلەم، 126 بەت. بۇ دەسلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن.

5. «ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي تەكرار». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، 64 كەسلەم، 313 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1184—0. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

6. «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، 16 كەسلەم، 400 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1276—6. بۇ كىتاب پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە تىل كەسپىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن.

7. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن سوئال - جاۋابلار». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى، 32 كەسلەم، 240 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0830—6. بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

8. «تىلشۇناسلىقتىن سوئال - جاۋابلار». باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى، 32 كەسلەم، 242 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0832—2. بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىلشۇناسلىق دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

9. «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدىن كونسۇلتاتسىيە». شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 191 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3477—9. بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فونېتىكىشۇناسلىق دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

10. «ئۇيغۇر تىلى» (باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار). شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 469 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3634—8. بۇ كىتاب باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەييارلىشى ۋە تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



11. «ئۇيغۇر تىلى» (ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى تېز ئەستە قالدۇرۇش قوللانمىسى). شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل نەشرى، چوڭ 64 كەسلەم، 323 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3744—1. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

---



تۇراپ قاسىم يولچى 1958 - يىل 1 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسى قۇمبوي كەنتىدە تۇغۇلغان. 1971 - يىل 7 - ئايغىچە پىيالما باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1974- يىل 9 - ئايغىچە ئۆز يۇرتىدا تىككۈچىلىكنى ئۆگەنگەن. 1976 - يىل 7- ئايغىچە زاڭگۇي يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1978 - يىل 2 - ئايغىچە گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1983 - يىل 2 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملاپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. شۇنىڭدىن بويان تىل - ئەدەبىيات (ھازىرقى نامى فىلولوگىيە) فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

تۇراپ قاسىم يولچى 1984 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىل 3 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1999 - يىل 7 - ئايدىن 2001 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلار دەرسى ئۆتۈلىدىغان بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇغان. 2000 - يىلى دوتسېنت بولۇپ باھالانغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ماگىستىر يېتەكچىسى.

تۇراپ قاسىم يولچى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى (دە) ياردەمچى سۆزى ھەققىدە»، «خوتەن دىئالېكتى لېكسىكىسىنىڭ

ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش سۇپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە، «يۇرت مۇھەببىتى» (نەسر)، «ئانا سەھرا» (شېئىر) قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

تۇراپ قاسىم يولچى ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتتىكى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، 1992 - يىلى مەكتەپ دەرىجىلىك «ئەڭ ياخشى سىنىپ مۇدىرى» ، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە زور تۆھپە قوشقۇچى» قاتارلىق مۇكاپات ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىگە ئېرىشتى. مەكتەپ ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئوقۇتۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا 1996 - يىلى «بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتى» ، 2003 - يىلى «مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتى» قاتارلىق شەرەپلەرنى ۋە ماددىي مۇكاپاتلارنى بەردى.

ئۇ نۆۋەتتە مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر ھەققىدە» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش يۇمشاق دېتالى» قاتارلىقلار ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئابدۇغېنى قۇربانھاجى تەرجىمە قىلغان، تۈزگەن كىتابلار:

1 . « جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدىن كونسۇلتاتسىيە» . 120 مىڭ خەتلىك. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى، 5000 تىراژدا تارقىتىلغان.

2 . « ‹دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان› دىن كونسۇلتاتسىيە» . تۈزۈشكە قاتنىشىپ 30 مىڭ خەتلىك مەزمۇننى ئىشلىگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل 12-ئاي نەشرى. 140 مىڭ خەت، 3000 تىراژدا تارقىتىلغان.

3 . « ‹ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان› دىن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كونسۇلتاتسىيە» (بۇ كىتابنىڭ باشقا تۈزگۈچىلىرى باتەي باسىڭ، خېلىل مۇھەممەت). 120 مىڭ خەتلىك. 2000-يىل 11-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ تارقىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى» ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئائىت دەرسلىك ماتېرىياللاردىن ئىشلىگەن 160 مىڭ خەتتىن ئارتۇق تەرجىمىسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن.

---

ئابدۇغېنى قۇربانھاجى 1953-يىل 9-ئايدا گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1961-يىل 9-ئايدىن 1968-يىل 7-ئايغىچە گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1970-يىل 3-ئايدىن 1971-يىل 12-ئايغىچە گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1977-يىل 3-ئايغىچە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1976-يىل 7-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1978-يىل 12-ئايغىچە گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدا خىزمەت قىلغان. 1983-يىل 2-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ 1998-يىلدىن بۇيان شىنجاڭ پارتىيە تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلمەكتە، دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئىگە.

ئۇ ھازىرغىچە «مىللىي ئىنقىلاب دولقۇنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىل 6-سانى)، «پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 4-سانى)، «ماتېرىيە بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1999-يىللىق قوشۇمچە سانى) قاتارلىق 12 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ئۇ 1994-يىل 10-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە «گۇاڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## ئەخمەتجان مەتروزى تەرجىمە قىلغان ۋە تۈزگەن دەرسلىك، كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:

1. «پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەش دەرسلىكى». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998-يىل 12-ئاي نەشرى (يەنە باشقا تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمان نىياز، ئىسمايىل نىياز قاتارلىقلار). جەمئىي 392 بەت.

بۇ كىتابتا ئاساسەن، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پروگراممىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي مەقسىتى، ئاساسىي لۇشيەنى، تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە ئىنتىزامى، شۇنىڭدەك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ھوقۇقى ھەم پارتىيىگە كىرىش مۇددىئاسى قاتارلىق مەزمۇنلار شەرھلەنگەن.

2. «جياڭ زېمىننىڭ ‹1-ئىيۇل›دا قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىش كونسۇلتاتسىيىسى بويىچە سوئال-جاۋابلار». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001-يىل 8-ئاي نەشرى (باشقا تەرجىمە قىلغۇچىلار: پەخىردىن ئىمىن، تۇرغۇن توختى، ئوسمان مۇھەممەت، ئوسمان نىياز، مۇھەممەتتۇرسۇن، ئېلى روزىمەمەت قاتارلىقلار).

بۇ كىتابتا، ئېلىمىزنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى 80 يىل جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق سېلىشتۇرۇلۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەممە پارتىيىمىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»تا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار شەرھلەپ بېرىلگەن.

3. «〈ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى〉 دىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن ئاچقۇچ». قوشۇمچە دەرسلىك. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم-لېنىنىزم ئوقۇتۇش-تەتقىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن 1992-يىل 10-ئايدا باستۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئارىسىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. جەمئىي 195 بەت.

بۇ ماتېرىيال دۆلەت ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئېلان قىلغان «ئىمتىھان ئېلىش تېزىسلىرى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى بەلگىلەپ بەرگەن «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى» قاتارلىق دەرسلىك ماتېرىيالغا ئاساسەن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن «مىللەت نەزەرىيىسى» ئىمتىھانىدا قېلىپلاشقان سوئال شەكىللىرى بويىچە تۈزۈلگەن ھەم ھەرقايسى سوئاللارنىڭ ئارقىسىغا توغرا بولغان ئۆلچەملىك جاۋابلىرى بىرگە قوشۇپ بېرىلگەن. شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول، ئىدىيىسى ساغلام ۋە ئىخچام بولۇپ، كۇرسانتلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى سىناپ كۆرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

4. «〈ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى〉نى ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار» (تەرجىمە). 1996-يىل 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىك ماتېرىياللىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن بىرتۇتاش بېسىپ تارقىتىلغان. تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، چوڭلار مائارىپى ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكى

قىلىنغان. ئۇيغۇرچە، 190 مىڭ خەت.

بۇ كىتابتا ئاساسلىقى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، نوپۇسى، ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق راۋاجلاندۇرغانلىقى، شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئايرىلماس رايونى ئىكەنلىكى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، دىنىي سىياسىتى ۋە بىرلىك سەپ سىياستى قاتارلىقلار شەرھلەنگەن.

---

ئەخمەتجان مەتروزى 1957-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1965-يىل 9-ئايدىن 1976-يىل 6-ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1977-يىل 10-ئايغىچە كېرىيە مۇغاللا بازىرىنىڭ ھال كەنتىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1983-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ماركسىزم-لېنىنىزم ئوقۇتۇش-تەتقىقات بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1987-يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى



مىللەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «دۇنيا مىللەتلىرى تەتقىقاتى لېكتورلار سىنىپى»دا بىلىم ئاشۇرغان. 1990-يىل 9-ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1995-يىل 4-ئايدىن ھازىرغىچىلىك شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە بۆلۈم دەرىجىلىك تەشكىلاتچى، مەكتەپ پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ «مىراس»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدا بىر قىسىم ئەسەرلەرنى، شۇنىڭدەك «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «غەربىي رايوننىڭ ئادەم كۈچى

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بايلىقنى ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «ئۈچ چوڭ ئىستىلنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش توغرىسىدا»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىشتىكى بازىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى» قاتارلىق بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

«كاتىبات يېزىقچىلىقى». تۈزگۈچى : كۈرەشچان ئۆمەر. تۈرى: دەرسلىك. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىل 6 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0649—4/G.113. چوڭ 32 كەسلەم: تىرازى: 4000.

بۇ كىتاب 11 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كاتىبات ئىلمى توغرىسىدىكى بىلىملەر، كاتىبات خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، مەجبۇرىيىتى، خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، تەلەپ ۋە پرىنسىپلىرى، كاتىبات خادىملىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسى؛ ئاخبارات يېزىقچىلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغاندىن باشقا، 35 خىلدىن ئارتۇق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان خەت - چەك قائىدىلىرى كونكرېت ئۈلگىلەر ئارقىلىق مۇكەممەل چۈشەندۈرۈلگەن.

---

كۈرەشچان ئۆمەر 1964 - يىل 9 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى ئۆرچى كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە



تۇغۇلغان. 1978 - يىل 7 - ئايغىچە ئارال ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1980 - يىل 7 - ئايغىچە ئونسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1984 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇنىڭ

ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

## تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا تەرجىمە قىلغان كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:

1. «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ئاپتورى: چيەن گەنرۇڭ. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 638 بەت، تىراژى: 3000.

كىتابتا زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. بۇ دەرسلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە كەسپىي مەكتەپلەردە بىرتۇتاش قوللىنىلغان.

2. «قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى». ئاپتورى: گوچۇندې، چىن لاۋجې. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 745 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش؛ ئاساسىي قانۇن، مەمۇرىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى قاتارلىقلار ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇلغان. بۇ دەرسلىك ئالىي مەكتەپلەردە بىرتۇتاش قوللىنىلىۋاتىدۇ.

3. «گومانتار ئىجتىمائىي پەن ئاساسلىرى». ئاپتورى: دېڭ بوچۈەن، خۇجىخۇا. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2001 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 311 بەت، تىراژى: 5000.

پۈتۈن كىتاب جەمئىي ئون باب، ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا گومانتار ئىجتىمائىي پەنگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر، گومانتار ئىجتىمائىي پەننىڭ يېقىنقى ئەسىردىكى مۇھىم ئىلگىرىلىشى ۋە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



تەرەققىيات يۈزلىنىشى، گۇماندار ئىجتىمائىي پەن بىلەن باشلانغۇچ مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئايرىم - ئايرىم شەرھلەنگەن.

بۇ دەرسلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن.

4. «يېڭى نىكاھ قانۇنىدىن پۇقرالار ئوقۇشلۇقى». ئاپتورى: جاۋ لى. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 475 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا يېڭىدىن تۈزۈلگەن نىكاھ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى، نىكاھلىنىش، ئائىلە مۇناسىۋىتى، نىكاھتىن ئاجرىشىش، قوشۇمچە پرىنسىپ قاتارلىق مەزمۇنلار ئىخچام شەرھلەنگەن.

---

تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا 1970 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، 1990 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1993 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاچقان قوش ئۇنۋان سىنىپىدا ئوقۇغان. 1995 - يىلى لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 2002 - يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى»، «ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئىلمى»، «غەرب سىياسىي ئىدىيە تارىخى»، «زامانىمىزدىكى غەرب سىياسىي ئېقىملىرى»، «سېلىشتۇرما ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئىلمى»، «ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە مېتودولوگىيىسى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. دۆلەت دەرىجىلىك بىر تەتقىقات تېمىسى ۋە مەكتەپ دەرىجىلىك ئۈچ تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. 1996 -

يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللاردا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. 1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 5 - نۆۋەتلىك «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنەۋۋەر پەن - تەتقىقات نەتىجىسى» مۇكاپاتىغا، 1995-، 1997-، 1998- يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «گۋاڭخۇا مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلار مۇكاپاتى» غا، سىچۈەن «لياگيې مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلار مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

«بوكسچىلىق ھەققىدە ساۋات» . گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەر باقى تەرجىمىسى. 1996 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 6000 تىراژدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 160 بەت.

بۇ كىتاب بوكسچىلارنىڭ باشلانغۇچ كۇرس ئوقۇشلۇقى بولۇپ، بوكسچىلىقنىڭ ئاساسىي تېخنىكىلىرى، بوكس مۇسابىقىسى قائىدىلىرى ۋە رېپىرىلىق ئۇسۇلى، بوكسچىلىق مەشىق بۇيۇملىرىنى ئۆزى ياساش قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بوكس ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلەش دەرسلىكى قىلىشقا بولىدۇ.

---



ئۆمەر باقى 1950 - يىل 11 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ گۇما بازىرىدا مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1976 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1976 - يىل 8 - ئايدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر تولۇقسىز ۋە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۆمەر باقى 1974 - يىلدىن بۇيان چېلىشىش مەشقى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ماھارىتىنى ئۆستۈرگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايون

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ۋە ۋىلايەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن نۇرغۇن قېتىملىق چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئالدىنقى نام تەرتىپىگە ئېرىشىپ، ۋىلايەت ھەم ناھىيىگە كۆپ قېتىم شان - شەرەپ كەلتۈرگەن. دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك چېلىشىش رېپىرى، ئەركىن چېلىشىش بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك تىرېنېر پەخرىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە - سىياسىي دەرسلىكىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان سوئاللىرى ۋە مەشىقلەر». تەرجىمە قىلغۇچى: مەمەتجان مەترېھىم. كىتاب تۈرى: سىياسىي. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 366 بەت، 32 كەسلەم. بۇ كىتابتا ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ تۈرلىرى، ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە - سىياسىي دەرسىدىن بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن سىناش ئۈچۈن ئىمتىھان سوئالى چىقىرىش پرىنسىپى، ئۇسۇلى، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سوئاللارنىڭ ئۈرنەكلىرى ۋە جاۋابلىرى كىرگۈزۈلگەن.

---



مەمەتجان مەترېھىم 1970 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى لوپ بازىرىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1992 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1992 - يىل 8 - ئايدىن 1999 - يىل 4 - ئايغىچە لوپ ناھىيە بەشتوغراق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، چاھارباغ يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، لوپ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 1999- يىل 5 - ئايدىن ھازىرغىچە لوپ ناھىيىلىك مائارىپ

ئىدارىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئەخلاقىي تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

«خەنزۇ تىلى» (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىدىن ئومۇمىي تەكرار). تۈزگۈچى: مەتسەيدى مەممىتىمىن، ئابدۇقادىر مەتروزى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 186 بەت.

بۇ كىتاب ئۆلچەملەشكەن ئىمتىھان سوئال شەكلىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابتىكى مەزمۇنلار خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى، خۇلاسە ئىمتىھانى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن.

كىتابقا جۇملە تۈزۈش قىسمى ۋە مىقدار سۆزلەرنىڭ ئىسىملار بىلەن ماسلىشىش جەدۋىلى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. كۆپ ئۇچرايدىغان يان بۆلەكلەر جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلگەن.

«ئۇيغۇر تىلى» (ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار). تۈزگۈچى: ھېسامىدىن ئۆمەر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 32 كەسلەم، 448 بەت. تىراژى: 10 مىڭ. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى شۇ نام بىلەن 1993 - يىلى نەشر قىلىپ، 1997 - يىل 6 - ئايغىچە بەش قېتىم بېسىپ تارقاتقان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن ئۈچ قىسىملىق «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابقا ئاساسەن تۈزۈلگەن.

كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىمغا فونېتىكا ۋە لېكسىكىغا ئائىت مەزمۇنلار، ئىككىنچى قىسىمغا مورفولوگىيىگە دائىر مەزمۇنلار، ئۈچىنچى قىسىمغا سىنتاكسىسقا تەۋە مەزمۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىرقەدەر كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتە ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان سوئاللىرىغا تەقلىد قىلىنغان. ھەربىر قىسىمنىڭ مەزمۇنى سوئال - جاۋابلار، بوش ئورۇن تولدۇرۇش

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى



سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى، هۆكۈم قىلىش سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى، تاللاش سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى، كۆنۈكمىلەر ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى ھەممە قوشۇمچە جەدۋەللەردىن ئىبارەت كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

---

ھىسامىدىن ئۆمەر 1961 - يىلى خوتەن شەھرىدە تۇغۇلغان. 1978 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1982 - يىلىدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، 1995 - يىلى تىل - ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس دىپلومىغا ئېرىشكەن.



ھىسامىدىن ئۆمەر ئەدەبىي ئىجادىيەت، پەن تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بىر پارچە شېئىرى ۋىلايەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋىلايەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «2004 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھانىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالى» نى چىقىرىش خىزمىتىگە قاتناشقان.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئالگېبرا، باشلانغۇچ مەكتەپ

ماتېماتىكا دەرسىدىن سوئال ـ جاۋابلار» . تۈزگۈچى: جېلىل مەممەت. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 32 كەسلەم، 201 بەت، تىراژى: 6000.

---

جېلىل مەممەت 1938 ـ يىل 9 ـ ئايدا گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىسىنىڭ «يا» كەنتىدە تۇغۇلغان. 1958 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ 1959 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئوقۇشتىن چېكىنىپ گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1991 ـ يىل 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. خىزمەت ھاياتىدا دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماي بىر ئۆمۈر ماتېماتىكا ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى: ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ دەرىجە.

«تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار» . تۈزگۈچى: ماخمۇت سىدىق. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 469 بەت.

بۇ كىتابقا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئالتە قىسىملىق ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن مۇھىم مەزمۇنلار سوئال ـ جاۋاب شەكلى بىلەن كونسپېك شەكلى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن. دەرسلىكتىكى مۇھىم، قىيىن نۇقتىلار ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەنگەن. ئالتە قىسىم كىتابتىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، يېزىقچىلىق، لوگىكا بىلىملىرى ئۆز قەرەلىدە بېرىلگەندىن سىرت، كىتابقا 89 پارچە تېكىستنىڭ تەھلىلى، تېكىست ئاپتورىنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ژانىرى، كونكرېت شەكلى، خاراكتېرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بېرىلگەن. ھەر بىر تېكىست ئۇستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



«خىمىيىدىن ئومۇمىي تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: تۇرسۇنجان سابىر، ئەبجان رەجەپ. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 328 بەت.
بۇ كىتاب مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان دەرسلىك ھەمدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خىمىيە ئوقۇتۇش پروگراممىسى ئاساسىدا ساپا مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن.
«ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات جەۋھەرلىرىدىن سوئال - جاۋابلار». تۈزگۈچى: ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار. كىتاب تۈرى: تىل - ئەدەبىيات. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 64 كەسلەم، 433 بەت.
بۇ كىتابقا «ئەدەبىياتنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، «ئىستىلىستىكا»، «خەت - چەكلەر»، «مۇھىم تېكىستلەر»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر تىلى» قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار تولۇق كىرگۈزۈلگەن.
«ئەدەبىيات ئوقۇتۇش يېتەكچىسى» (1 -، 2 - قىسىم). تۈزگۈچى: تاڭنۇر ئابدۇقادىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 433 بەت.
بۇ كىتاب شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان دەرسلىك ۋە پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر ئاساسىدا ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە نىشانلىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2 - يىللىقتىن باشلاپ 6 - يىللىققىچە بولغان بەش يىللىقنىڭ ئون كىتابى

ئىچىدىكى بارلىق تېكىستلەر كۆنۈكمىنىڭ تەلىپى بويىچە سوئال - جاۋاب شەكلىدە بېرىلگەن.

---

تاڭنۇر ئابدۇقادىر 1970 - يىل 4 - ئايدا چىرا ناھىيە بازىرىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1988 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر چىرا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.



ئۇ 1995 - يىلدىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە بەش پارچە ھېكايىسى، ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. 1998 - يىلى «ئوقۇتقۇچىلار قىبلىنامىسى» ناملىق مەجمۇئەگە بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى، «مەرىپەت مەشئىلى» ناملىق توپلامغا بىر پارچە نەسرى كىرگۈزۈلگەن.

«ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۈرنەكلەر». تۈزگۈچى: ماخمۇت سىدىق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 427 بەت.

بۇ كىتابقا ھەر خىل تېمىدىكى، ھەر خىل شەكىلدىكى ماقالىلەرنى يېزىش، يازدۇرۇش جەريانىدا ماقالە يازغۇچىلار ۋە ماقالە يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەر ۋە بۇ ھەقتە كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر، نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر بايان قىلىنغان. تۆرلۈك ژانىردىكى ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇللىرى، مەشق قىلىشنىڭ مەقسەت، تەلەپ، قەدەم - باسقۇچلىرى ۋە بۇلارغا ئائىت ئۈلگىلىك ماقالىلەر بېرىلگەن.

«نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۈرنەكلەر». تۈزگۈچى: ماخمۇت سىدىق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



460 بەت.

بۇ كىتابقا نەسر يېزىقچىلىقى ھەققىدىكى كەڭ دائىرىلىك بىلىملەر، نەسرنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۈرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆرنەك ماقالىلەر، ئېپىك نەسر ھەققىدىكى بىلىملەر ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆرنەكلەر، لىرىك نەسر ھەققىدىكى بىلىم ۋە ئۆرنەك ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن.

«ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى». پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. ئاپتورى: مۇختار سۇپۇرگى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1731—8، 32 كەسلەم، 311 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ دەرسلىككە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر سەككىز باب، 20 پاراگرافلىق بىلىم نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا كىرگۈزۈلگەندىن باشقا يەنە يېڭى تۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ «ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى مۇھىم ۋە قىيىن بولغان 24 تېكىستنىڭ تەھلىلى كىرگۈزۈلگەن.

«ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۈلگىلىك ماقالىلەر». تۈزگۈچى: ئېزىز سەيپۇللا. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 3 - ئاي نەشرى، 64 كەسلەم، 180 بەت.

بۇ پايدىلىنىش كىتابى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئۆتۈشىگە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە ياخشى ياردەمچى بولۇپلا قالماستىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان ۋە ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنمۇ ئومۇمىي تەكرار ماتېرىيالىدۇر.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار». تۈزگۈچى: ئېزىز سەيپۇللا. شىنجاڭ خەلق سەھىيە

نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 64 كەسلەم، 340 بەت.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرسىدىن ئومۇمىي تەكرار». تۈزگۈچى: مەتتوختى ساۋۇت. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 64 كەسلەم، 215 بەت.

بۇ كىتاب، فىزىكا دەرسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ساپا مائارىپىنىڭ ئىمتىھان شەكلىگە يىغىنلاشتۇرۇلۇپ، بىر پۈتۈن دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى تولۇق، مېغىزلىق بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان.

---

مەتتوختى ساۋۇت 1962 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا ھىلدان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1980 ـ يىل 9 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ فىزىكا كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، كېرىيە ناھىيە لەڭگەر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1982 ـ يىل 9 ـ ئايدا لوپ ناھىيە سامپۇل



يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن. 1985 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1987ـ يىل 7 ـ ئايغىچە خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئوقۇتۇشتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىرقانچە ئىلمىي ماقالىسى ناھىيە ۋە ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىلەردە دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

«ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كارتون ئاۋازلىق، رەسىملىك ئېلىپبەسى» ئاپتورى: ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان. لياۋنىڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇن-سىن نەشرىياتى 2006-يىلى 1-ئاي 1-نەشرى. تىرازى: 3000. نەشر نومۇرى: ISBN7—88365—453—5/r.z ،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ISRC CN—D14—05—006—0/r.z، 16 فورمات، رەڭلىك، ئىككى پارچە CD پىلاستىنكىسى سەپلەنگەن. بۇ، باللار باغچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېز ساۋات چىقىرىش دەرسلىكىدۇر.

«تىل ـ ئەدەبىيات يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: مەمتىمىن سالى، ئېزىز روزى. 1996 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى باسما زاۋۇتىدا 218 بەت، 32 كەسلەم قىلىنىپ باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ كىتاب تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىغا ئاساسەن، ھەرقايسى يىللىقلار ئۈچۈن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ، ئاساسىي بىلىم بىلەن ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن. كىتابنىڭ ئۇيغۇر تىلى قىسمىنى مەمتىمىن سالى، ئەدەبىيات قىسمىنى ئېزىز روزى تۈزگەن.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئىدىيە - سىياسىي دەرس تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: ئابلىز ئابدىلىم. 1996 - يىل باسمىسى. 32 كەسلەم، 100 بەت.

بۇ كىتاب ئۆلچەملەشكەن ئىمتىھان سوئال شەكلىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابتىكى مەزمۇنلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1 -، 2 -، 3 - يىللىقلىرىنىڭ ئىدىيە - سىياسىي دەرسلىكىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار. سوئال - جاۋاب شەكلىدە چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈلگەن.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: تۇرسۇنتوختى سۇلايمان. 1996 - يىلى باستۇرۇلۇپ تارقىتىلغان، 32 كەسلەم، 132 بەت.

بۇ كىتابقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۈچ قىسىم ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى، ئۈچ قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكى ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار ھازىرقى ساپا مائارىپىنىڭ سوئال تەلىپى بويىچە سوئال - جاۋاب شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئالتە قىسىم كىتابتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن بىلىملەر ئىخچام،

مەزمۇنلۇق قىلىپ يېزىلغان. جاۋاب بېرىش، توغرا - خاتاغا ھۆكۈم قىلىش، بوش ئورۇن تولدۇرۇش يەنى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سوئال تەلىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئوقۇشچانلىقى يۇقىرى.

«شېئىرىيەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەرگە ئىزاھات». تۈزگۈچى: ئايىمنىسا ئوبۇلھەسەن، مەمتىمىن ئۆمەر. 1996 - يىل 4 - ئايدا باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان. 32 كەسلەم، 96 بەت.

بۇ كىتابقا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچرايدىغان ھەم مەكتەپلەردە شېئىرىيەت ژانىرىغا دائىر مەزمۇنلار سۆزلەنگەندە ئۇچرايدىغان، مەنىسى تازا ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھات خاراكتېرلىك چۈشەنچە بېرىلگەن. شېئىرىيەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەر ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلىپ، ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى يېشىپ بېرىلگەن.

«سىياسەتتىن سوئال - جاۋابلار». تۈزگۈچى: ئوسمانجان ئىسمايىل. 32 كەسلەم، 160 بەت. 1996-يىلى تۈزۈپ باستۇرۇلغان. كىتابقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئالتە قىسىم سىياسەت دەرسلىكىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار سوئال - جاۋاب شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

---

ئوسمانجان ئىسمايىل 1967 - يىل 12 - ئايدا كۇچا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1985 - يىل خىزمەتكە قاتناشقان. نىيا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئومۇمىي تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: مۇتەللىپ قادىر. 32 كەسلەم، 250 بەت. 1996 - يىلى باستۇرۇلغان. كىتابتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خەنزۇ تىلى دەرسلىكىدىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي تەكرار جەريانىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

---

مۇتەللىپ قادىر 1972 - يىل 9 - ئايدا نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1993 - يىل 9 - ئايدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە قاتناشقان. ھازىر نىيا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

«‹تارىخ› دەرسىدىن ئومۇمىي تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: ئايگۈل توختى. 32 كەسلەم، 150 بەت. 1996 - يىل باستۇرۇلغان. كىتابقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تارىخ دەرسلىكىدىكى جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىغا دائىر مەزمۇنلار سوئال - جاۋاب شەكلىدە كىرگۈزۈلگەن.

---

ئايگۈل توختى 1968 - يىل 9 - ئايدا نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىل خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. ھازىر نىيا ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

«‹تارىخ› دەرسلىكى تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: دىلمۇرات ئابلىز، ئامىنەم ئەبەيدۇللا. 1998 - يىل 12 - ئايدا باستۇرۇلغان، 161 بەت، 32 كەسلەم، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ كىتاب تارىخ دەرسى پروگراممىسى ۋە دەرسلىككە ئاساسەن ئىككى كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمىغا جۇڭگو تارىخى كىرگۈزۈلگەن. كىتاب تۈزۈلۈش جەھەتتىن دەرسلىكنىڭ ھەر قايسى بابلىرى، تارىخ بىلىملىرىنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرى بويىچە سوئال - جاۋاب، مۇھاكىمە سوئاللىرى، تاللاپ جاۋاب بېرىش، تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش، بوش ئورۇننى تولدۇرۇش، تارىخىي ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈش، زور ۋەقەلەر يىلنامىسى تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن.